

# گىلاڭ بىلەن لونا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گيلاڭ بلەن لونا



مىللەتلەر نەشرياتى

بېيجىن - 1957

# كىرىش سۆز

ئەيۋەتنىڭ يۇسەن ئېغى ئىتىگىدىكى گاۋسەن مەللىسىدىن چىق-
قان ياش كېلاڭ بىر چوڭ سومرۇغ قۇشنى ئېتىش ئارقىلىق ياش
قىز لونا بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. كېيىن تاغ ئىچىدىن بىر چوڭ
ئەژدەرھا چىقىپ ئەلنى زىيانغا ئۇچراتىدۇ. كېلاڭ بۇ ژىرتقۇچنى
يوقۇتۇش ئۈچۈن بارىدۇ. لېكىن قايتىپ كەلسە لونانى قاراقچىلار
ئېلىپ كېتىپتۇ. كېلاڭ ئاتلىق نەچچە كېچە-كۈندۈز ئۇلارنى
قوغلاپ لونانى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپتۇ. لېكىن قاراقچىلارنىڭ كۈچى
ئارتۇق بولغانلىقتىن كېلاڭ بىلەن لونا تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا
مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يۇسەن ئېغىغا چىقىپ ئەژدەرھانىڭ بېشىنى
تاغ باغرىغا تاشلاپ، دۈشمەننىڭ يولىنى توساپ قويۇپتۇ. قاراق-
چىلار ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ ئەژدەرھانىڭ بېشىنى ئۆلگۈر دەپ
ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئەمدىلا كىرىشىگە ئەژدەرھانىڭ ئاغزى
ژۇمۇلۇپ تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېلاڭ بىلەن لونا
خەۋپتىن ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار ئىككىسى شۇندىن باشلاپ تاغ-
دىن تۆۋەن چۈشمەپتۇ.

بۇ كىتاپ ئاق كۆڭۈل بولۇشنى ۋە باتۇرلۇقنى تەسۋىرلەپلا
قالماي، ياشلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش ئىستەش ئىستەكلىرىنىمۇ
كۈچلۈك ئەكس ئېتىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئېگىز يۇسەن تاغلىرى بۇلۇتقا پاتقان،
ئاق بۇلۇتلار قەۋەتلەپ باغرىنى ياپقان.
شاماللاردا يەلپۈنۈپ مايسا ـ چېچەكلەر،
جىلغىلاردا كۆمۈش سۇ پارقىراپ ئاققان.



تاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە كىچىك بىر كەپە،
گېلاڭ دېگەن بىر ژىگىت ياشايتتى ئاندا؛
ماھىر مەرگەن ئىدى ئۇ، ئوقيا ئېتىشتا،
نىشانىغا تەككۈزەتتى ھەر بىر ئاتقاندا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاغنىڭ غەربىي ئېتىگىدە ـــ سۇنىڭ بويىدا،
لونا دېگەن قىز ياشار ئايدىنمۇ گوزەل.
ئېتىز ـ ئېرىق، ئۇي ئىشىغا چىۋەر ئىدى بەك،
چاڭ كەلتۇرۇپ بولبۇلدەك ئېيتاتتى غەزەل.



شامال بەكمۇ ئىللىق ـ يۇمشاق، هاۋامۇ ئوچۇق،
ئۇ ئولاشقا چىقتى گېلاڭ تاغنىڭ باغرىغا.
كەلدى شۇ چاغ چوڭ بىر سۇمرۇغ ئۇچۇپ شۇ يەرگە،
چېپىنەپ ئاتتى گېلاڭ ئۇنىڭ دەل كوكسىگە.

www.uyghurkitap.com



سىمۇرۇغ قۇشى مەجرۇھ بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى،
گېلاڭمۇ ھەم قۇش كەينىدىن كەتتى ئالدىراپ.
مەيلى ئۇچۇپ كەتسەڭمۇ سەن ئاسمان قەھرىگە،
بۇلۇتلارغا چىقارمەنمەن ئارقاڭدىن قوغلاپ.



قولىرىدا ژىڭنە ـ ژىپى لونا قىزنىڭ،
كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى ئىشىك ئالدىدا.
ئۇشتۇمتۇتلا بىر قۇش كېلىپ چۇشتى ئالدىغا،
قانات قېقىپ تىپىرلىدى جان ئاچچىغىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«بۇ قايسى باتۇرنىڭ قىلغان ئىشىكەن،
بىر ئوق بىلەن بۇ سۇمرۇغنى ئېتىپ چۈشۈرگەن؟»
ئالقىشلىدى لونا قىز ئۇنى ئىچىدە،
دەل شۇ ۋاقىتتا گېلاگمۇ شۇ يەرگە كەلگەن.



قاراپ باقسا بۇ باتۇرياش ژىگىت ئىكەن،
بەستى بەكمۇ كىلىشكەن ئىگىزرەك بويلۇق.
گېلالڭ كېلىپ باش ئېگىپ تازىمۇ قىلدى —
ۋە سوراشتى قىز بىلەن تېچ - ئامانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يەرگە قاراپ تەبەسسۇملە تۇراتتى شوخ قىز،
تاپالماستىن ژىگىت ئۇچۇن ياخشىراق جاۋاپ.
ئىككى قوللاپ سۇمرۇغنى سۇنۇپ ياش ژىگىت،
تارتىنماستىن كەلدى ئەنە ئۇنىڭغا قاراپ.



«رەخمەت ساڭا ئەي ژىگىت سوغىتىڭ ئۈچۈن،
تەقتىم ساڭا مانا بۇ كەشتىلىك خالتا».
ساپ مۇھەببەت ئورناشقان قىز ۋۇجۇدىدا،
ژۇرەكسىرى سىلىغلىق ئەشۇ خالتىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇندىن باشلاپ ئىككىسى دايىما بىللە،
كەڭ دالا هەم ئورماندا قىلاتتى سەيلە.
گىرەلىشىپ سۇ بويىدا ـ چىمەنزارلىقتا،
ناخشا ئېيتىپ، ئايغا هەمرا ئۇلار هەركېچە.



ئۇشتۇمتۇتلا تاراللى ئەنسىز بىر غوغا:
تاغ ئىچىدىن چىقىپتۇ يوغان ئەژدەرھا.
قاخشىتىپ ئۇ ھەممە ئەلنى قىپتۇ پىرىشان،
تەڭ كېلەلمەي ھېچ كىشى بولۇپتۇ سەرسان.



خەۋەر كەلدى شۇ ھامان تاغلاردىن ئېشىپ،
ئالدىرىدى گېلاڭمۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ.
«قانداقمۇ چىدالىسۇن مېنىڭ يۈرۈگۈم،
ئولىۋاتسا خەلقلەر ئاپەتكە ئۇچراپ»



قىلىچ ئالدى قولىغا، ئوقيانى ئاستى،
ژۇرەكلىرى گوياكى ئوت بولۇپ ياندى.
سەكرەپ مىنىپ ئېتىغا تېز گىنىنى باستى،
غەرپ تەرەپنى نىشان قىلىپ ئاتلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



توختىدى گېلاڭ لونانىڭ ئىشىگى ئالدىدا،
قارشى ئالدى قىز چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن.
«جېنىم لونا! بالا بولدى ياۋۇز ئەژدەرھا،
قۇتقۇزىمەن ئەلنى چوقۇم ئەشۇ ئاپەتتىن»



ساپ كوڭۇل قىز خوشال بولۇپ باتۇر گىلاڭدىن،
تورۇق ئاتنىڭ يايلىغا تاقتى بىر تال گۇل.
«سەن ئولتۇرۇپ ئەژدەرھانى ئەلنى قۇتقازغىن،
مەن ئۇزۇتاي تىلەپ ساڭا خەيرىيەتلىك يول».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆنمۇپتىپ، گۈگۈم چۈشتى تۈيمىدى ئۇلار،
قول تۇتۇشۇپ قوش ژۈرەكلەر مېڭىشتى بىر ئاز.
يېشىلىپ كېتىپ قىز بويىنىدىن كۆمۈش ماجانلار،
تويۇقسىزلا «جىرىڭ» قىلىپ قالدى بىر ئاۋاز.



ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ، نىمە ئالامەت،
نىمە ئۈچۈن كۈمۈش ماجان ئۆزۈلۈپ چۈشتى؟
قارىغاينىڭ ژىڭنىسىنى قەلەم قىلىپ قىز،
بىلىگىگە گىلاگىنىڭ سۈرىتىنى سىزدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سىزىپ ئالدى لونا قىزنىڭ گۈل جامالىنى،
گېلىگىمۇ ھەم بىلىگىگە ژىگىنىنى سانچىپ،
سورۇغاندا گۈل چېچىگىنى ئۇنىڭ ئۇستىدىن،
ئاق بىلەكتە گۈل ئىزلىرى قالدى ئورۇن ئەپ.



سىز دىلىپتۇ بىلىگىمگە سورىتىڭ سىنىڭ،
سىز دىلىپتۇ بىلىگىڭگە سورىتىم مىنىڭ؛
ناخشا ئېيتىپ خوشال ئۆتكەن مۇشۇ مىنۇتلار —
چىن ژۇرەككە سىزىلسۇن ھەر ئىككىمىزنىڭ.

www.uyghurkitap.com



نۇرنى چاچتى قىزىل ئۇپۇق تاغنىڭ ئۇستىگە،
باتۇر گىلاك ئۇزاپ كەتتى ئۇزاق سەپەرگە.
لونا تۇرۇپ ئېگىز دوڭدە قولىنى شىلتىپ،
باتۇر غايىپ بولغان چاغدا قايتتى ئۆيىگە.



ئېگىز تاغلار، تېرەن سۇلار، ئورمانزارلىقلار،
ئارقىمۇ-ئارقا قېلىۋەدى گېلاڭ ئارقىدا.
ئۇتتۇز ئالتى كېچە-كۈندۈز يول ماڭدى تىنماي،
تېخى ئەمدى كورۈنمەكتە تاغ ئاغزى ئاڭا.


ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مېڭىۋېرىپ تورۇق ئاتمۇ ئۇچقان قۇشتەك،
ئەژدەرھانىڭ ئۇگۇسىغا بېرىپ يەتتى.
توپۇلۇككە چىقتى گېلاك ئۇقيا قولىدا،
«ئەمدى زادى قاچالمايسەن مەندىن» — دېدى.



ئەژدەرھا ئاغزىنى ئېچىپ قىلدى خىرىس،
باتۇر گېلاڭ قورقماستىن ئۆزىنى تۇتتى.
دەللەپ تۇرۇپ ئەژدەرھانىڭ ئاتتى بېشىغا،
ۋەھشى ھايۋان جان ئاچچىغىدا غالجىرلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



گىلاڭ باتۇر چاپسان چىقىپ تاغنىڭ ئۈستىگە،
ئارقا-ئارقىدىن ئاتتى يەنە ئوقيانى ئوقلاپ.
زايا كەتمەي ھەر بىر تال ئوق تەگدى بېشىغا،
ئاقتى شۇئان مىڭسىدىن قانلار بۇلۇقلاپ.



جان تالاشتى ئەژدەرھا قاتتىق ۋاقىراپ،
ياغاچ-تاشلار قارسىلداپ ئورۇلۇپ چۈشتى.
نالە قىلدى تېپىرلاپ زەھەرلىك ھايۋان.
جېنى ئۇنىڭ بىر پەستە تېنىدىن ئۇچتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوراپ ئاللى ياش گېلاگنى نۇرغۇن كىشىلەر،
ياگراپ تاغلار ئارا ئالقىش ساداسى.
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل بىلەن زىياپەت،
ياش باتۇرنى ئېلىپ قالماق ـ مۇددىاسى.



باتۇر گېلاك ئۇنىمدى ئۇندا قىلىشقا،
شەمشەر بىلەن كېسىپ ئالدى ئەژدەرھا بېشىنى.
ئاخىر يەنە خوشلۇشۇپ قايتماقچى بولدى،
ئايلاندۇرۇپ ئۇردى ئاتقا باتۇر قامچىنى.


ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەژدەرھانىڭ كوزلىرى خۇددى ماجاندەك،
ئۇزۇن-ئۇزۇن چىشلىرى كوپ تىپىلمايتتى.
گىلاڭ ئۇنى نەقىشلەپ ماجانلار ياساپ،
تەقىم قىلسام لوناغادەيتتى — ئويلايتتى.



يۇسەن تېغىنىڭ غەربىگە قايتىپ كەلدى ئۇ،
ئېگىز تاغلار، تىرەن سۇلار قالدى ئارقىدا.
لېكىن لونا چىقمىدى ئۇنىڭ ئالدىغا،
ئولتۇراتتى قېرى موماي ئىشىك ئالدىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەلگىنىنى كورگەندە باتۇر گېلاڭنىڭ،
كوزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى ئانا.
«سەپەر قىلىپ سەن كەتتىڭ ژىراق يەرلەرگە،
سېنى كۈتۈپ تەلمۈردى ھەركۈنى لونا».



«كېتىۋېتىپ بىر كۈنى زالىم قاراقچى،
ئۇزىچىلا لوناغا كوز ساپتۇ دەرھال.
شۇ زاماتلا كوڭلىگە بىر شەيتان كىرىپ،
ئېۋەتىپتۇ بۇ ئۆيگە قېرى بىر دەللال».



www.uyghurkitap.com

«تويلۇغۇڭ ئون سەر كومۇش، ئون سەر ئالتۇن،
رازى بولساڭ جاۋاپ بەرگىن چىرايلىق قىز».
«لونا كوڭلى سېتىلماس ئالتۇن - كۇمۇشكە،
خام چاغلىما جادۇگەر يوقال ئويىدىن تېز!»



«توكۇلگەندەك بولۇپ باشتىن بىر قاپاق سوق سۇ،
ئوچلۇك بىلەن چىقىپ كەتتى ھىلىقى دەللال.
قاراقچىلار باشلىغى كىشىسىن باشلاپ،
يولسىزلارچە لوناغا سىلىشتى چاڭگال...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانا تېخى تۈگەتمەستىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى،
ئاچچىقىدا گېلاڭنىڭ تاتاردى يۈزى.
ئاتقا مىنىپ ئاتلاندى يەنە سەپەرگە،
قۇتۇلدۇرماق بولۇپ ئۇسويگەن يارىنى.



سويگۇ ئوتىدا ژۇرۇگى يالقۇنلاپ ياندى،
ئۈچ كېچە ھەم ئۈچ كۈندۈز توختىماي ماڭدى.
ئۈچ ئاچا يول ئۈستىدە بىر كولگە كېلىپ،
قېنىپ سۇدىن ئىچتى ـ دە، سوراپ قالدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«كوردىڭىزمۇ جان موما گوزەل لونانى،  
قايسى زالىم ئېلىپ كەتتى ئۇنى قاياققا؟»  
«ئىككى كوزى قان ياشقا تولغان لونا قىز،  
قاراقچىلار قولىدا كەتتى جەنۇپقا».



مىندى گېلاك ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن،
ئاتنى راسا چاپتۇرۇپ يەنە يول ژۇردى.
ئۇچ كېچە ـ كۇندۇزدە كېلىپ ئۇچ ئاچا يولغا،
سۇ بويىدا بېلىقچى بوۋاينى كوردى.



ئۇيغۇر كىتاب
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇسسۇزلۇقتا ياش گېلاڭ سەكرىدى ئاتتىن،
قېنىپ-قېنىپ سۈمۈردى شور تەملىك سۈنى.
«كۆردىڭىزمۇ جان بوۋا! گۈزەل لونانى،
قاراقچىلار ئېلىپ كەتتى قاياققا ئۇنى».



قولى بىلەن ئېرىقنى كورسۇتۇپ تۇرۇپ،
مۇنداق دېدى ئۇ بوۋاي گېلاگغا قاراپ:
«كوز ياشلىرى ئۇ قىز نىڭ دەريادەك ئاققان،
ئەپ كېتىشتى غەرپكە لونانى زورلاپ».



www.uyghurkitap.com

ئاتقا مىندى ياش باتۇر بىردەم تۇرمىدى،
ئۈچ كېچە ھەم ئۈچ كۈندۈز ئۇچقاندەك ماڭدى.
ئۈچ ئاچا يول ئۈستىدە ئېتىز بويىدا،
ئىچىۋېرىپ شور سۇنى ژۈرەك قانمىدى.



«قۇلاق سېلىڭ ھەي ئاكا مېنىڭ سۆزۈمگە،
كۆردىڭىزمۇ لونا قىز كەتتى قاياققا؟»
«ئەككى كۆزى لىپمۇ-لىپ ياش بىلەن تولغان،
قاراقچىلار ئېلىپ كەتتى ئۇنى سول ياققا».



www.uyghurkitap.com

ئىگىز تاغ ھەم ئورمانزارلار، سايلارنى بوسۇپ،
كەلدى گىلاڭ بەكمۇ چوڭقۇر دەريانى بېسىپ.
ئاخىر مانا كورۇپ قالدى بىر توپ ئادەمنى،
كېتىپ بارار ئىدى ئۇلار لونانى ئېلىپ.



باتۇر گېلاڭ كورۇپ قالدى گوزەل لونانى،
دەر غەزەپتە ئوت تۇتاشتى ئۇنىڭ كوڭلىگە.
هاڭ-تاڭ قىلىپ يەر-جاھاننى ئۇنىڭ ئاۋازى،
بېسىپ كىردى ھەيۋەت بىلەن دۇشمەن ئىچىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئاڭلاپ تونۇش بۇ ئاۋازنى روھلاندى لوئا،
ئۇ گۇمۇ بۇ، چۇشۇمۇ ــ دەپ قىلدى گۇمان.
ئەملى ئۇنىڭ سۆيگەن يارى كوز ئالدىدا،
«قەبىھ زالىم بولاڭچىلار قالماس ئامان!»



ئىلگىرلەپ داۋاملىق ماڭدى ئالدىغا،
ئېتىپ ساداقنى دۇشمەن توپىغا.
ئىگىشىپ يەردىن قىزنى بىر چاغ—
ئالدى ئاتىنىڭ ئالدىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قاراقچىلار باشلىغى ھودۇققىنىدىن ،
«بۇ نىمە بالا؟» دەپ قېتىپلا قالدى.
بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ،
«قوغلاش ئۇنى!» دەپ قىقاسمۇ سالدى.



تورۇق ئات ئشەنچلك ئدى گېلاڭغا،
ئۇچقاندەك چاپاتتى هەر چاغ-هەر قاچان.
لونا قز گېلاڭنى قۇچاغلدى چڭك،
دللارغا تولدى ئسسق هاياجان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاڭ - توپا كوتۇرۇلدى ئاسمان - پەلەك،
قاراقچىلار كەينىدىن قوغلايتتى ھەدەپ.
بۇرۇلۇپ كەينىگە ئوق ئاتتى گېلاڭ،
دۇشمەنلەر ژىقىلدى ئوقتىن زەخمەيەپ.



بۇلاڭچىلار توختىماي قوغلاپ ئارقىدىن،
ئولۇشگه قارىماي يېقىنلاپ قالدى.
ئاختۇرسا باتۇر گېلاك خالتىسى قۇرۇق،
ئوقىنىڭ تۇگۇگىنى بىلىنىپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارىبىسى
www.uyghurkitap.com

قۇچاغلاپ لونانى چاپتۇردى ئاتنى،
توپ-توغرى يۇسەنگە كەپقالدى تورۇق.
جاقىراپ شۇملارنىڭ زالىم باشلىغى،
«تۇت ئۇنى، ئۆلتۇر!» دەپ چىقاردى بۇيرۇق.



ئالدىدا ئىگىز تاغ يولنى توسغان،
كەيندىن زالىملار قوغلايتتى تىنماي.
باتۇر گېلاڭ ئات چاپتى تاغنىڭ ئىچىگە،
تاغنىڭ يولى ئۇرۇشقا ئىدى بەك قولاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



تاغ يوللىرى ئەگرى-توقاي مېڭىش بەك قىيىن،
لېكىن گېلاڭ تاپتى ئويلاپ ئىشىنىڭ ئېپىنى:
تاشلىۋەتتى يەر ئۈستىگە ئىرغىتىپ بىردىن،
توساپ ئالدى دۈشمەنلەرنى ئەژدەرھا بېشى.



يول ئۇستىدە ئەژدەرھانىڭ زور بېشى،
پارقىراپ تۇرغان كوزىدىن چاچار نۇرىنى.
بۇ زور باش ئايلىنىپ يوغان بىر تاشقا،
توساپ قويدى دۈشمەنلەرنىڭ ماڭار يولىنى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ قاراقچى زالىملار كېلىپ قارىسا،
يوغان بىر تاش توسۇۋېتىپتۇ يولنىڭ ئاغزىنى،
«جەزمەن ئۇلار تاغ ئۆڭكۈرىگە مۆكۈۋالدى.
چاققان كىرىپ تېپىڭلار بۇ ئىككىسىنى!»



كىرىۋالدى ئۆڭكۈرگە ھەممە قاراقچى،
«ھاپ» قىلىپلا ژۇمدى ئاغزىنى ئەژدەرھا.
بۇ قەبىھ بۇلاڭچى ھەم قاراقچىلار،
جان بېرىشتى شۇ زامان ئۇنىڭ ئاغزىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



تىك كۆتۈرۈلگەن تاغ باغرىدا ئەژدەرھا بېشى،
چۈشمەس تاغدىن گىلاڭ بىلەن لونا ئىككىسى.
ئاق بۇلۇتلار ئوراپ ئالغان تاغنىڭ ئۈستىنى.
ياڭرار ھامان تورت ئەتراپقا شاتلىق ناخشىسى.

بۇ كىتاپ «چاۋخۇا سەنئەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى ئاپرېلدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1956年 4 月第1版第1次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى: 1228(4)266

# گېلاك بىلەن لونا

خەلق چۆچەكلىرىدىن

ئۆزگەرتكۈچى: يەن بۇي.

رەسسام: جىڭ جياشىڭ.

تەرجىمە قىلغۇچى: قاسىم ئارشىۋ.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: ئى. مۇتىي.

كوررېكتورى: رىشىت ۋاھىدى.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجىەن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

يەنلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - يىلى ئىيۇلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 - يىلى ئىيۇلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 1092×787 $\frac{1}{48}$ م.م. ھەجمى: $1\frac{5}{12}$ باسما تاۋاق.

تىراژى: 5000 -1-. باھاسى: 12 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M 8049 ئۇيغۇرچە 71.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

書號:1228(4)266

# 蟒头岩

（維吾尔文）

根据民間故事原作
严　玉改編
郑家声綸
哈斯木譯
木鉄意校訂
熱西提瓦依提校对
民族出版社出版
地址：北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠排版
北京印刷四廠印刷
新华書店发行

1957年7月北京第一版
1957年7月北京第一次印刷
787粍×1092粍1/48　印張1 $\frac{8}{12}$
印數：1—5,000冊　定價：一角二分
統一書号：M8049・維71